(بېشى 15 ـ بەتتە)




6 ـ رەسىم: چاڭجياڭ دېلتىسى رايونى رېلىسلىق قاتناش يىرىك پىلانىنىڭ خەرىتىسى

**5 ـ پاراگراف خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈش**

يۇقىرى ئېقىندىكى نۇقتىلىق ئېكولوگىيە سىستېمىلىرىنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئۈچ دەريا مەنبەسىدىكى «جۇڭخۇا سۇ مۇنارى»نى پۇختىلاپ، گەننەن، زورگې قاتارلىق رايونلارنىڭ سۇ مەنبەسىنى ساقلاش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ئوتتۇرا ئېقىندىكى سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكتە سۇ ـ تۇپراق ئېقىپ كېتىشنى تۈزەش ئەندىزىسىنى يېڭىلاپ، كىچىك ۋادىلارنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش قۇرۇلۇشى، بىنەم پەلەمپەي ئېتىز ۋە قايما توسمىسى قۇرۇلۇشىنى پائال قانات يايدۇرۇش كېرەك. تۆۋەن ئېقىندىكى 2 ـ دەرىجىلىك ئېگىز دەريالارنى تۈزەش ۋە ساھىل رايوننى ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خۇاڭخې دېلتىسىدىكى سۈلۈك يەرلەرنى قوغداش ۋە ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىش كېرەك. فېنخې ـ ۋېيخې تۈزلەڭلىكى، خېتاۋ سۇغىرىش رايونى قاتارلىق جايلاردا يېزا ئىگىلىكىنىڭ دائىرىلىك بۇلغىنىشىنى تۈزەشنى قانات يايدۇرۇپ، خۇاڭخې دەرياسى قىرغاق لىنىيەسىدىكى سانائەت كارخانىلىرىنى ئېنىقلاپ تەرتىپكە سېلىپ، خۇاڭخې دەرياسى بويىغا جايلاشقان شەھەر ـ بازارلارنىڭ پاسكىنا سۇ بىر تەرەپ قىلىش ئەسلىھەسى ۋە يانداش تۇرۇبا تورى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك. سۇنى ئىچكىرىلەپ تېجەش ـ تىزگىنلەش ھەرىكىتىنى يولغا قويۇپ، سۇ بايلىقىدىن ئېچىپ پايدىلىنىش سىجىللىقىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. كۆمۈر ئېچىش سىجىللىقىنى مۇۋاپىق تىزگىنلەپ، ئېنېرگىيە بايلىقىدىن بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ ئېچىپ پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كان ئېكولوگىيەسىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى كۈچەيتىش لازىم. مەركىزىي شەھەر ۋە شەھەر توپلىرىنىڭ تەرەققىيات ئەندىزىسىنى ياخشىلاپ، خۇاڭخې دەرياسى بويىدىكى ناھىيە بازىرى ۋە يېزا ـ كەنت قۇرۇلۇشىنى بىرتۇتاش پىلانلاش كېرەك. خۇاڭخې دەرياسى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى سىستېمىلىق قوغداش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇپ، خەلقئارا تەسىرگە ئىگە خۇاڭخې دەرياسى مەدەنىيەت ساياھىتى بەلبېغى بەرپا قىلىش لازىم. خۇاڭخې ۋادىسىنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ۋە يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلدۇرۇش باشلامچى رايونى قۇرۇش كېرەك.

## 32 ـ باب رايونلار ماس تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇش

غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىش، شەرقىي شىمالنى ئومۇميۈزلۈك گۈللەندۈرۈش، ئوتتۇرا رايونلارنى يۈكسەلدۈرۈش، شەرقىي رايونلارنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈپ، ئالاھىدە رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشكە مەدەتكار بولۇپ، تەرەققىيات داۋامىدىكى نىسپىي تەڭپۇڭلۇقنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**1 ـ پاراگراف غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشتا يېڭى ئەندىزە شەكىللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش**

غەربىي رايوننى كەڭ ئېچىشنى كۈچلۈك تەدبىرلەر ئارقىلىق ئىلگىرى سۈرۈپ، سىياسەتنىڭ دەللىكى ۋە ئۈنۈمىنى ھەقىقىي ئاشۇرۇش لازىم. بىر تۈركۈم زور ئېكولوگىيە قۇرۇلۇشلىرىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، نۇقتىلىق رايونلارنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا پائال سىڭىپ، ئوچۇق ئۆتەڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كۆپ قاتلاملىق ئېچىۋېتىش سۇپىسى بەرپا قىلىش لازىم. غەربىي رايونلارنىڭ ئۇل ئەسلىھە سېلىنمىسىنى كۆپەيتىپ، ئۆزگىچە ئەۋزەل كەسىپلەرنى راۋاجلاندۇرۇشنى قوللاپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى كۈچىنى مەركەزلەشتۈرۈپ مۇستەھكەملەپ، مائارىپ، داۋالاش ـ ساقلىق ساقلاش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى ساھەلىرىدىكى كەمتۈكلۈكنى تولۇقلاش لازىم. چېڭدۇ ـ چۇڭچىڭ رايونىدا قوش شەھەر ئىقتىساد چەمبىرىكى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مەملىكەت بويىچە تەسىرگە ئىگە مۇھىم ئىقتىساد مەركىزى، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش مەركىزى، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش يېڭى يۈكسەكلىكى، يۇقىرى سۈپەتلىك تۇرمۇش قولاي رايونى بەرپا قىلىپ، گۈەنجۇڭ تۈزلەڭلىكى شەھەر توپىنىڭ قۇرۇلۇش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، غەربىي شىمال رايونى بىلەن غەربىي جەنۇب رايونىنىڭ ھەمكارلىقى ۋە ھەمتۈرتكىلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. شىنجاڭنىڭ دۆلەت «ئۈچ بازا، بىر ئۆتەڭ» قۇرۇلۇشىنى، شىزاڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىي ئاسىياغا ئېچىۋېتىش مۇھىم ئۆتەڭگى بەرپا قىلىشنى قوللاش لازىم. 400 مىللىمېتىرلىق ھۆل ـ يېغىن پاسىل سىزىقىنىڭ غەربىدىكى رايونلارنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

**2 ـ پاراگراف شەرقىي شىمالنى گۈللەندۈرۈشتە يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولۇش**

دۆلەتنىڭ دۆلەت مۇداپىئەسى، ئاشلىق، ئېكولوگىيە، ئېنېرگىيە، كەسىپ بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، سىياسەتنى بىرتۇتاش پىلانلاشنى كۈچەيتىپ، نۇقتىلىق بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك. ھۆكۈمەت فۇنكسىيەسىنى ئۆزگەرتىشنى تېزلىتىپ، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىدا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، سودا مۇھىتىنى كۈچەپ ياخشىلاپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش لازىم. لياۋنىڭ دېڭىز بويى ئىقتىساد بەلبېغى بەرپا قىلىپ، چاڭچۈن ـ جىلىن ـ تۈمەنجياڭ ئېچىش ـ ئېچىۋېتىش باشلامچى رايونى قۇرۇپ، خاربىننىڭ رۇسىيە بىلەن ھەمكارلىشىش ـ ئېچىۋېتىش ئىقتىدار دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئاشلىق بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان «مۇقىملاشتۇرغۇچ» بەرپا قىلىش كېرەك. ئېكولوگىيە بايلىقىنى قوغداش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ شىمالىي رايون ئېكولوگىيە توسۇقىنى مۇستەھكەملەش لازىم. جابدۇقچىلىق قاتارلىق ئەنئەنىۋى ئەۋزەل كەسىپلەرنى ئۆزگەرتىپ ۋە ياخشىلاپ، گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى يېتىشتۈرۈپ ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇپ، سوغۇق جايلار قار ـ مۇز سەيلىسى، ئېكولوگىيە ساياھىتى قاتارلىق ئۆزگىچە كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقئارا تەسىرگە ئىگە قار ـ مۇز ساياھەت بەلبېغى بەرپا قىلىپ، تەڭپۇڭ تەرەققىي قىلىدىغان يېڭى كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە رىقابەت ئۈستۈنلۈكى شەكىللەندۈرۈش لازىم. ئىختىساسلىقلارنى توپلايدىغان تېخىمۇ جەلپكار تەدبىرلەرنى يولغا قويۇش كېرەك. شەرقىي رايونلار بىلەن نىشانلىق ھەمكارلىشىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم.

**3 ـ پاراگراف ئوتتۇرا رايونلارنى يۈكسەلدۈرۈشتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش**

مۇھىم ئىلغار ياسىمىچىلىق بازىسىنى كۈچەپ بەرپا قىلىپ، ھالقىلىق ساھەلەردە ئۆز ئالدىغا يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىنى ئېچىۋېتىش يۈكسەكلىكى يارىتىپ، ئېكولوگىيەلىك يېشىل تەرەققىيات ئەندىزىسىنى مۇستەھكەملەپ، ئوتتۇرا رايونلارنىڭ تېز يۈكسىلىشكە تۈرتكە بولۇش لازىم. ئىلغار ياسىمىچىلىقنى زورايتىپ ۋە كۈچەيتىپ، چاڭجياڭ دەرياسى، بېيجىڭ ـ گۇاڭجوۋ، گەنسۇ ـ خەيكوۋ، بېيجىڭ ـ جيۇلۇڭ قاتارلىق لىنىيە بويلىرىدا بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ـ يۇقىرى دەرىجىلىك كەسىپلەر توپى بەرپا قىلىپ، گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەرنى جايلاشتۇرۇش ۋە پائال قوبۇللاش كېرەك. چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىنىدىكى شەھەر توپىنىڭ ماس تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋۇخەن، چاڭجۇتەن مەركىزىي شەھەر چەمبىرىكى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، مەملىكەتلىك مۇھىم ئېشىش قۇتۇپى بەرپا قىلىش لازىم. ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئاساسىنى پۇختىلاپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، زامانىۋى يېزا ئىگىلىكىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى ئورتاق ئاسراش ۋە بىرلىكتە تۈزەشنى كۈچەيتىپ، ئېكولوگىيە بىخەتەرلىك توسۇقىنى كۈچەپ بەرپا قىلىش لازىم. خۇەيخې دەرياسى، خەنجياڭ دەرياسى ئېكولوگىيەلىك ئىقتىساد بەلبېغى يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىننىڭ ھەمكارلىق ـ ھەمتۈرتكىلىك تەرەققىياتىنى قوللاش كېرەك. سىرتقا ئېچىۋېتىش ئۆتەڭگى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىنى ئېچىۋېتىش سۇپىسىنى يۇقىرى ئۆلچەم ۋە يۇقىرى سەۋىيەدە قۇرۇپ چىقىش لازىم. ئاممىۋى مۇلازىمەت كاپالىتىنى بولۇپمۇ ئاممىۋى سەھىيە ئېغىر تاسادىپىي ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

**4 ـ پاراگراف شەرقىي رايونلارنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئىلگىرى سۈرۈشكە ئىلھام بېرىش**

يېڭىلىق يارىتىش ئامىللىرى توپلاشقان ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭىلىق يارىتىش يېتەكچىلىكىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىشنى تېزلىتىپ، شەرقىي رايونلارنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئالدىن ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش لازىم. دۇنياۋى ئىلغار ياسىمىچىلىق توپىنى تېز يېتىلدۈرۈپ، گۈللىنىۋاتقان كەسىپلەر ۋە زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئامىل ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈپ، كەسىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى باشلامچىلىق بىلەن ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم. خەلقئارا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق ۋە رىقابەتكە تېخىمۇ يۇقىرى قاتلاملىق قاتنىشىپ، سىرتقا ئېچىۋېتىشتا يېڭى ئەۋزەللىك يارىتىپ، ھەر تەرەپلىمە ئوچۇق ئىقتىساد سىستېمىسىنى باشلامچىلىق بىلەن بەرپا قىلىش كېرەك. شېنجېننىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنىڭ باشلامچى ئۈلگە رايونى بەرپا قىلىشنى، پۇدۇڭنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېتەكچى رايونى بەرپا قىلىشنى، جېجياڭنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىي قىلىپ ئورتاق بېيىش ئۈلگە رايونى بەرپا قىلىشنى قوللاش لازىم. شەندۇڭنىڭ كونا ـ يېڭى قۇۋۋەتنى ئالماشتۇرۇش ئۇنىۋېرسال سىناق رايونى قۇرۇلۇشىنى چوڭقۇر ئىلگىرى سۈرۈش لازىم.

**5 ـ پاراگراف ئالاھىدە رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش**

كونا ئىنقىلابىي رايونلارنى گۈللەندۈرۈشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىلگىرى سۈرۈپ، ئۆزگىچە كەسىپلەرنى جايلارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ راۋاجلاندۇرۇپ، قىزىل مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جياڭشى، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ سابىق مەركىزىي سوۋېت رايونلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات ئۈلگىسى يارىتىشىنى قوللاپ، شەنشى ـ گەنسۇ ـ نىڭشيا، دابيېشەن، زوۋجياڭ، سىچۈەن ـ شەنشى، يىمېڭ قاتارلىق كونا ئىنقىلابىي رايونلارنىڭ يېشىل، ئىجادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. ئېكولوگىيەسى چېكىنگەن رايونلارنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ۋە ئېكولوگىيەسى ئاجىز رايونلارنى قوغداش ـ ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، بىجيې سىناق رايونى قۇرۇلۇشىنى قوللاش لازىم. بايلىق تىپىدىكى رايونلارنىڭ ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتى ئۈلگە رايونى ۋە تىپ ئۆزگەرتىپ يېڭىلىق يارىتىش سىناق رايونى قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆمۈر قېزىشتىن ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن رايونلارنى ئۇنىۋېرسال تۈزەش ۋە مۇستەقىل زاۋۇت ـ كان رايونلىرىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش لازىم. كونا سانائەت بازىلىرىنىڭ ياسىمىچىلىق رىقابەت ئەۋزەللىكىنى قايتا شەكىللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش ئۈلگە رايونى بەرپا قىلىش كېرەك. دۆلەت ئورمانچىلىق مەيدان ـ رايونلىرىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرىنى ياخشىلاش لازىم. دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى يۇقىرى رايونلاردىكى ئاممىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تۇرمۇش قىيىنچىلىقىنى كۆپ خىل تەدبىرلەرنى تەڭ قوللىنىش ئارقىلىق ھەل قىلىش كېرەك. چېگرا رايوننى گۈللەندۈرۈپ خەلقنى بېيىتىش ۋە چېگرا رايوننى مۇقىملاشتۇرۇش ـ مۇستەھكەملەشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، چېگرا رايونلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ تۇرمۇش شارائىتىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاپ، چېگرا بويىدىكى شەھەر ـ بازار سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چېگرا پورتى قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، چېگرا بويىدىكى كەنت ـ بازار ۋە ئۆتەڭ قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش لازىم. چېگرا سودىسىنىڭ ئىجادىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. نۇقتىلىق چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى دەل جايىدا قوللاش سالمىقىنى زورايتىش لازىم.

12 ـ جەدۋەل چېگرا رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش قۇرۇلۇشلىرى

| | |
|---|---|
| 01 | **چېگرا بويىدىكى شەھەر ـ بازارلار**<br>چېگرا بويىدىكى شەھەر ـ بازارلارنىڭ فۇنكسىيەسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مانجۇرىيە، كۆەندىيەن، خۇيچۈن، سۈيفېنخې، دۇڭشىڭ، تېڭچۇڭ، مىلىن، چۆچەك، كۆكدالا قاتارلىق شەھەر ـ بازارلارنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى نۇقتىلىق قوللاش كېرەك. |
| 02 | **چېگرا بويىدىكى كەنتلەر**<br>چېگرا بويىدىكى كەنتلەرنىڭ ئۇل ئەسلىھە ۋە ئاممىۋى مۇلازىمەت ئەسلىھەلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، چېگرا بويىدا 200 دەك يېڭى كەنت قۇرۇپ، چېگرا بويىدىكى تەبىئىي كەنتلەرنى يول، توك، خەۋەرلىشىش، پوچتا، رادىيو ـ تېلېۋىزىيە بىلەن تولۇق قاپلاش لازىم. |
| 03 | **چېگرا بويىدىكى ۋە چېگراغا تۇتىشىدىغان تاشيوللار**<br>جىئەن ـ خېگرېن، خۇيچۈن ـ چۆەنخې، لۇشۈي ـ تېڭچۇڭ، موتو ـ چايۇ ـ يۈننەن شىزاڭ چېگراسى، چىڭگىل ـ كۆكتوقاي ـ ئالتاي، بۇلۇڭكۆل ـ قونجىراپ، باركۆل ـ تۆمۈرتام، ئېرىنخوت ـ سايخاندالا تاشيوللىرىنى ياساش لازىم. |
| 04 | **چېگرا ئايرودۇرۇملىرى**<br>تاشقورغان، لۇڭزى، سۈيفېنخې ئايرودۇرۇملىرىنى ياساپ، يەنجى ئايرودۇرۇمىنى كۆچۈرۈپ، 20دەك چېگرا ھەممباب ئايرودۇرۇمى قۇرۇش لازىم. |
| 05 | **چېگرا پورتلىرى**<br>لىزى، خېيخې، تۇڭجياڭ، خېيشيازى ئارىلى پورتلىرىنى قۇرۇپ، جىلۇڭ، جاڭمۇ، موغان، قورغاس، ئالاتاۋ، مانجۇرىيە، ئېرىنخوت، رۇيلى، يوۋيگۇەن، قونجىراپ، گاخچموت، سېكې، تورغات، ئەركەشتام پورتلىرىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. |

**6 ـ پاراگراف رايونلار ماس تەرەققىياتىغا دائىر تۈزۈلمە ـ مېخانىزملارنى تاكامۇللاشتۇرۇش**

رايونلۇق ئىستراتېگىيەلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاش، بازارنى بىر گەۋدىلەشتۈرۈپ تەرەققىي قىلدۇرۇش، رايونلار ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، رايونلار ئارا مەنپەئەت تولۇقلىمىسى بېرىش قاتارلىق مېخانىزملارنى بەرپا قىلىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، تەرەققىي تاپقان رايونلار بىلەن ئانچە تەرەققىي قىلمىغان رايونلار، شەرقىي ـ ئوتتۇرا ـ غەربىي رايونلار ۋە شەرقىي شىمال رايونىنىڭ ئورتاق تەرەققىياتنى تېخىمۇ ياخشى ئىلگىرى سۈرۈش لازىم. رايونلار ھەمكارلىقىنىڭ دەرىجىسى ۋە سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئۆلكە پاسىلى رايونلىرىنىڭ بىرتۇتاش پىلانلاش، بىرتۇتاش باشقۇرۇش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق قۇرۇش، مەنپەئەتتىن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش ئاساسىدىكى يېڭى ھەمكارلىق مېخانىزمى ئورنىتىش ئۈستىدە ئىزدىنىشنى قوللاش كېرەك. ئانچە تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنى مالىيە يۆتكىمە چىقىمى ئارقىلىق قوللاش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەتنىڭ باراۋەرلىكىنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىختىساسلىقلارنى غەربىي رايونلار ۋە جاپالىق چەت ـ ياقا رايونلارغا يۆتكىلىشكە يېتەكلەش كېرەك. رايونلار ھەمكارلىقى ۋە مەنپەئەت تەڭشەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ۋادىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەن ئېقىنلىرى ئارا، ئاشلىق كۆپ چىقىدىغان رايونلار بىلەن كۆپ سېتىلىدىغان رايونلار ئارا، بايلىق چىقىرىدىغان جايلار بىلەن بايلىق قوبۇل قىلىدىغان جايلار ئارا كۆپ خىل شەكىلدىكى مەنپەئەت تولۇقلىمىسى بېرىشنى قوللاپ، باغچە رايون، تاشقى زېمىن ئىقتىسادى قاتارلىق مەنپەئەتتىن ئورتاق بەھرىلىنىش ئەندىزىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە ئىلھام بېرىش كېرەك. جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇشنى نىشانلاپ، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاش سالمىقىنى زورايتىپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى تەشۋىق ـ تەربىيەسى ۋە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى ئومۇميۈزلۈك، چوڭقۇر، ئۇزاققىچە قانات يايدۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىسى، ئالماشتۇرۇشى ۋە يۇغۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

## 33 ـ باب دېڭىز ـ ئوكيان ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىيات بوشلۇقىنى پائال كېڭەيتىش

دېڭىز ـ قۇرۇقلۇقنى بىرتۇتاش پىلانلاش، ئادەم بىلەن دېڭىز ئىناق ئۆتۈش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دېڭىز ـ ئوكيان ئېكولوگىيەسىنى قوغداش، دېڭىز ـ ئوكيان ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە دېڭىز ـ ئوكيان ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قوغداشنى ماس ئىلگىرى سۈرۈپ، دېڭىز ـ ئوكيان كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇپ چىقىشنى تېزلىتىش لازىم.

**1 ـ پاراگراف زامانىۋى دېڭىز ـ ئوكيان كەسىپ سىستېمىسى بەرپا قىلىش**

دېڭىز ـ ئوكيان قۇرۇلۇشى، دېڭىز ـ ئوكيان بايلىقى، دېڭىز ـ ئوكيان مۇھىتى قاتارلىق ساھەلەردىكى بىر تۈركۈم ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىش كېرەك. دېڭىز ـ ئوكيان قۇرۇلۇشى جابدۇقلىرى، دېڭىز ـ ئوكيان بىيو تېبابەتچىلىك كەسىپلىرىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە زورايتىپ، دېڭىز سۈيىنى تۇزسىزلاندۇرۇش ۋە دېڭىز ـ ئوكيان ئېنېرگىيەسىدىن كۆلەملىك پايدىلىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېڭىز ـ ئوكيان مەدەنىيەت ساياھىتىنى ئېچىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش لازىم. يېقىن دېڭىز يېشىل باقمىچىلىقىنىڭ جايلىشىشىنى ياخشىلاپ، دېڭىز ـ ئوكيان چارۋىچىلىق مەيدانى قۇرۇپ، يىراق ئوكيان بېلىقچىلىقىنى ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىي قىلدۇرۇش لازىم. بىر تۈركۈم يۇقىرى سۈپەتلىك دېڭىز ـ ئوكيان ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئۈلگە رايونى ۋە ئۆزگىچە دېڭىز ـ ئوكيان كەسىپ توپى بەرپا قىلىپ، شىمالىي قىسىم، شەرقىي قىسىم، جەنۇبىي قىسىمدىكى ئۈچ چوڭ دېڭىز ـ ئوكيان ئىقتىساد چەمبىرىكىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. دېڭىز بويى ئىقتىساد بەلبېغىنى تىرەك قىلغان ھالدا، ئەتراپتىكى دۆلەتلەر بىلەن دېڭىزغا ئالاقىدار ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش لازىم.

**2 ـ پاراگراف ئىمكانىيەتلىك سىجىل دېڭىز ـ ئوكيان ئېكولوگىيەلىك مۇھىتنى بەرپا قىلىش**

دېڭىز بويى، ۋادى، دېڭىز تەۋەلىكى ماس بىر گەۋدە قىلىنغان ئۇنىۋېرسال تۈزەش سىستېمىسى بەرپا قىلىش ئۈستىدە ئىزدىنىش كېرەك. دېڭىز قاشالاپ تىندۇرۇشنى باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەشنى چىڭىتىپ، دېڭىز قىرغىقى بەلبېغىنى ئۇنىۋېرسال باشقۇرۇش ۋە دېڭىز ساھىلىدىكى سۈلۈك يەرلەرنى قوغداشنى كۈچەيتىش لازىم. دېڭىزغا بۇلغىما چىقىرىش ئومۇمىي مىقدارىنى تىزگىنلەش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان دەريا ـ ئېقىنلار سۈيىنىڭ كەسمە يۈز سۈپىتىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم. نۇقتىلىق دېڭىز تەۋەلىكىنى ئۇنىۋېرسال تۈزەشنى تېز ئىلگىرى سۈرۈپ، ۋادى ـ دەريا ئېغىزى ـ قىرغاقتا يېقىن دېڭىز تەۋەلىكىنىڭ بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ھەمتۈرتكە مېخانىزمى بەرپا قىلىپ، گۈزەل دېڭىز قولتۇقىنى قوغداش ۋە قۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. دېڭىزغا نېفت چىقىپ كېتىش، خەتەرلىك خىمىيەۋى بۇيۇم سارقىپ كېتىش قاتارلىق ئېغىر مۇھىت خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، دېڭىز ـ ئوكيان تەبىئىي ئاپىتى ۋە تاسادىپىي مۇھىت ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش لازىم. دېڭىز قىرغاق لىنىيەسىنى قوغداش، دېڭىز تەۋەلىكى ۋە ئادەمسىز ئاراللاردىن ھەقلىق پايدىلىنىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دېڭىز بويى ئىمارەتلىرىنى چېكىندۈرۈش پاسىلى تۈزۈمى ۋە دېڭىز ـ ئوكيان ئېكولوگىيەلىك مۇھىت زىيىنىنى تۆلىتىش تۈزۈمى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تەبىئىي قىرغاق لىنىيەسىنى ساقلاپ قېلىش نىسبىتىنى 35%تىن تۆۋەنلىتىۋەتمەسلىك لازىم.

**3 ـ پاراگراف دۇنياۋى دېڭىز ـ ئوكيان ئىدارە قىلىشقا چوڭقۇر قاتنىشىش**

كۆك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى پائال راۋاجلاندۇرۇپ، خەلقئارا دېڭىز ـ ئوكيان ئىدارە قىلىش مېخانىزمى ۋە ئالاقىدار قائىدىلەرنى تۈزۈش ـ يولغا قويۇشقا چوڭقۇر قاتنىشىپ، ئادىل، مۇۋاپىق خەلقئارا دېڭىز ـ ئوكيان تەرتىپى ئورنىتىشقا تۈرتكە بولۇپ، دېڭىز ـ ئوكيان تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش لازىم. دېڭىز بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن دېڭىز ـ ئوكيان مۇھىتىنى تەكشۈرۈپ ئۆلچەش ۋە قوغداش، ئىلمىي تەتقىقات ۋە دېڭىزدا ئىزدەش ـ قۇتۇلدۇرۇش قاتارلىق ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، چوڭقۇر دېڭىز ئىستراتېگىيەلىك بايلىقلىرى ۋە جانلىقلارنىڭ كۆپ خىللىقىنى تەكشۈرۈش ـ باھالاشنى كۈچەيتىش لازىم. شىمالىي قۇتۇپ ئەمەلىي ھەمكارلىقىغا قاتنىشىپ، «مۇز ئۈستى يىپەك يولى» بەرپا قىلىش كېرەك. جەنۇبىي قۇتۇپنى قوغداشقا قاتنىشىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم. ۋەزىيەتكە ئىلمىي ھۆكۈم قىلىش، خەۋپ ـ خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە قانۇن نەزەرىيەسى كۈرىشىنى كۈچەيتىپ، دېڭىز ئىشلىرى ئەدلىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتنىڭ دېڭىز ـ ئوكيان ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى قەتئىي قوغداش لازىم. دېڭىز ـ ئوكيان تۈپ قانۇنى چىقىرىشنى تەرتىپلىك ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

# 10 ـ قىسىم سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇپ، دۆلەتنىڭ مەدەنىيەت يۇمشاق ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇش

ماركسىزمنىڭ ئىدېئولوگىيە ساھەسىدىكى يېتەكچىلىك ئورنىدا چىڭ تۇرۇپ، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى ئارقىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈش، ئەلرايىنى مۇجەسسەملەش، يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش، مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، ئوبرازنى نامايان قىلىشتەك بۇرچ ۋە ۋەزىپىنى چۆرىدەپ، خەلقنىڭ مەدەنىيەت ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن خەلقنىڭ مەنىۋى كۈچىنى ئاشۇرۇشنىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىش كېرەك.

## 34 ـ باب جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش

سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈپ ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، يېڭى دەۋرنىڭ تەلىپىگە لايىق ئىدىيەۋى قاراش، مەنىۋى قىياپەت، مەدەنىي كەيپىيات، ھەرىكەت قائىدىسىنىڭ شەكىللىنىشىگە تۈرتكە بولۇش لازىم.

**1 ـ پاراگراف غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنىڭ دائىملىشىشى ۋە تۈزۈملىشىشىگە تۈرتكە بولۇش**

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىگە دائىر ئۆگىنىش ـ تەربىيەنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيەنى قوراللاندۇرۇش، خەلقنى تەربىيەلەش خىزمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇش كېرەك. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش»قا دائىر تۈزۈم ۋە ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزملارنى ئورنىتىپ ۋە تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي خىزمەتنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ۋە جۇڭگو ئارزۇسى تەشۋىق ـ تەربىيەسىنى ئىزچىل قانات يايدۇرۇپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات ـ ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپىزم، سوتسىيالىزم تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ئىنقىلابىي مەدەنىيەتكە دائىر تەتقىقات، شەرھلەش ۋە تەشۋىق ـ تەربىيەنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى كۈرەشلەردە شەكىللەندۈرگەن ئۇلۇغ روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇش لازىم. سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان قانۇن ۋە سىياسەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنىڭ تەلىپىنى قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى ۋە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشقا سىڭدۈرۈپ، خەلق مائارىپى، مەنىۋى مەدەنىيلىك بەرپا قىلىش، مەدەنىيەت مەھسۇلاتى يارىتىش ـ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا نامايان قىلىش كېرەك. ياش ـ ئۆسمۈرلەر غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى تەڭ تۇتۇپ ئورتاق باشقۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش لازىم.

(ئاخىرى 17 ـ بەتتە)